# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
27
جۈمە
维吾尔文 9月27日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24831 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


## ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولايلى

### ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ چى

جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرايلى.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش باشتىن ـ ئاخىر دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇن بولۇپ كەلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ۋە مىللىي رايونلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش»نى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈپ، دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولدى.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ داچىڭ نېفىتلىكى بايقالغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

# داچىڭ روھى، تۆمۈر ئادەم روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياخشى ئۈلگىچەم بايرىقى، بايراق بولۇپ، 100 يىللىق نېفىتلىك قۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش كېرەك

### گوۋۇيۈەن تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** داچىڭ نېفىتلىكى بايقالغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن داچىڭ نېفىتلىكىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 60 يىل ئىلگىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نېفىت چارلاپ تەكشۈرۈشنى ئىستراتېگىيەلىك شەرققە يۆتكەش مۇھىم، زور تەدبىرىنى چىقاردى، كەڭ نېفىت، گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ داچىڭ نېفىتلىكىنى بايقاپ، جۇڭگونىڭ نېفىت ئېچىش تارىخىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر سەھىپىنى ئاچتى. 60 يىلدىن بۇيان، نەچچە ئەۋلاد داچىڭلىقلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلىپ، قەدىمىي چۆل ـ باياۋاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ

### تەبرىك خەت

داچىڭ نېفىتلىكى بايقالغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى پەيتىدە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن داچىڭ نېفىتلىكىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەم سەممىي ھال سورايمەن!

60 يىل ئىلگىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نېفىت چارلاپ تەكشۈرۈشنى ئىستراتېگىيەلىك شەرققە يۆتكەش مۇھىم، زور تەدبىرىنى چىقاردى، كەڭ نېفىت، گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ داچىڭ نېفىتلىكىنى بايقاپ، جۇڭگونىڭ نېفىت ئېچىش تارىخىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر سەھىپىنى ئاچتى. 60 يىلدىن بۇيان، نەچچە ئەۋلاد داچىڭلىقلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلىپ، قەدىمىي چۆل ـ باياۋاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. داچىڭ نېفىتلىكىنىڭ قالتىس تۆھپىسى ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تارىخىي ئابىدىسىگە ئويۇلۇپ، داچىڭ روھى، تۆمۈر ئادەم روھى جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ روھىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، داچىڭ نېفىتلىكىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، داچىڭ روھى، تۆمۈر ئادەم روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ياخشى ئۈلگىچەم بايرىقى، بايراق بولۇش، 100 يىللىق نېفىتلىك قۇرۇشتىكى مۇھىم، زور مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

**شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. داچىڭ نېفىتلىكىنىڭ قالتىس تۆھپىسى ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تارىخىي ئابىدىسىگە ئويۇلۇپ، داچىڭ روھى، تۆمۈر ئادەم روھى جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ روھىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## جاھاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى بۈگۈن

تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە

## ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى قەتئىي ساقلاش كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىش

### ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاش ـ تەقدىرلەش ۋە ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى باھالاش ـ تەقدىرلەش ۋە ئۆگىنىش ـ تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»دىن ئۆگىنىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىمىزنى قەتئىي ساقلاپ، كۈرەش قىلىش ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەيمىز.

«ھەربىر ‹ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى›نىڭ ئارقىسىدا بىر بۆلەك قالتىس، جانلىق، مول قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ھېكايە بار بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، كۈرەش قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئۇلۇغ روھ كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش ئارقىلىق ئىزاھلىنىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئىنتايىن مۈشكۈل كۈرەش قىلىش مۇساپىسى ئېچىپ بېرىلگەن.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ چۈەن مۇنداق بىلدۈردى: «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پارتىيەنىڭ سادىق ياردەمچىسى ۋە ئىشەنچلىك زاپاس قوشۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىشقا، ‹ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار›دىن ئۆگىنىشكە، تىرىشىپ ‹ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار›دىن بولۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن جەڭگىۋار قوشۇن ۋە زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك».

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

## يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىش قاتتىق تەلەپ بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

### ـــ شىنجاڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لىيۇ بىڭ چېن شاڭسەي

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشكە يەنە يېڭى يول قوشۇلدى

## شەرقىي جۇڭغار ـــ جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق

## ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

شۆھرەت زاكىر قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش مۇراسىمغا قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جىيۈن، چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەرقىي جۇڭغار ـــ جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئېلېكتر بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يەتكۈزۈش سىغىمچانلىقى ئەڭ زور، يەتكۈزۈش ئارىلىقى ئەڭ يىراق، تېخنىكا سەۋىيەسى ئەڭ ئىلغار بولۇش قاتارلىق كۆپ تۈرلەردە تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش بويىچە دۇنياۋى ئەڭلەرنى ياراتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن تۇرپان شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت قىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشكە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

**مۇخبىرىمىز لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن تۇرپان شەھىرىنىڭ پىچان ناھىيەسى، ئىدىقۇت رايونى، توقسۇن ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



### مەن دۆلەت بايرىقى بىلەن سۈرەتكە چۈشىمەن

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، غەربىي قىسىم بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش شەرقىي جۇڭغار قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ خادىملىرى قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا دۆلەت بايرىقى بىلەن سۈرەتكە چۈشمەكتە. بۇ شىركەتتىكى مىڭغا يېقىن نېفىت ئىشچىسى قۇدۇق بۇرغىلاش نەق مەيدانىدا «مەن دۆلەت بايرىقى بىلەن سۈرەتكە چۈشىمەن» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

□ جوۋ جيەنلىڭ فوتوسى



# بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىەنمۇ بار بۇ نەغمىدە

### ـــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمىز

□ گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى

(1)

ھامان بەزى پەيتلەرگە جاھاننى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش مۇراسىمى بېيجىڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو تارىخىدىكى بىر يېپيېڭى دەۋر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشلاندى. جۇڭخۇا مىللىتى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش، قۇل قىلىنىش، ئېزىلىشتەك ھاقارەتلىك تارىختىن قۇتۇلدى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن يۈز مىليونلىغان خەلق شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ، ھەقىقىي تۈردە دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلاندى.

«پىدائىيلار مارشى» ھەيۋەتلىك ياڭرىغاندا، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاسمان گۈمبىزىنى قىزارتقاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيەسىنىڭ ئەڭ غەربىدە، تيانشان شادلىققا چۆمۈپ، تارىم دەرياسى ناخشا ئېيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئۇلۇغ ۋەتەن بىلەن بىرلىكتە نۇرلۇق يېڭى ھاياتنى كۈتىۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، 70 يىلدىن بۇيان، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق قارلىق تاغ، ئېگىزلىكتە نۇر چېچىپ، «پىدائىيلار مارشى» قۇملۇق، بوستانلىقنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلار ئۇلۇغ ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولدى.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇن ئېقىندا، 70 يىل پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان قىسقا ۋاقىت، ئەزەلدىن ھېچقانداق دۆلەت يېڭى جۇڭگوغا ئوخشاش، مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتتا يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئەمەس. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتى ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈۋالدى.

70 يىلدىن بۇيان، يېڭى جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، شىنجاڭ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىپ، قالاقلىقتىن ئىلگىرىلەشكە قاراپ مېڭىپ، نامراتلىقتىن بېيىشقا قاراپ مېڭىپ، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ مېڭىپ، «جاھاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان» دۇنياۋى مۆجىزىنى ياراتتى.

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)